# ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭەشىش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى

**زۇڭلى لى پېڭ ئالاھىدە كېلىپ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، گۇيۇڭجياڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، تۆمۈر داۋامەت ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، كورنېتسوۋ، ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى**

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرلىرى تۇردى مەتنىياز، يادىكار ئابدۇراخمان خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭەشىش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى پېڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئالايىتەن ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە كاتتا يىغىنغا لېنتا كەستى.

كېڭەشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى رەڭگارەڭ گۈللەر، رەڭدار بايراقچىلار، چىلمۇ خىل شارلار ۋە پلاكاتلار بىلەن بېزىلىپ، بايرام تۈسىنى ئالغان ھەيۋەتلىك شىنجاڭ «خەلق» سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلدى. «خەلق» سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يولغا قىزىل رەڭلىك پاياندار سېلىنغان ئىدى. چىرايلىق، مىللىي پوسۇندا كىيىنگەن بەئەتچىلەر مېھمانلار كىرىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ شادىيانىغا ئۇسسۇل ئويناپ داپ - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلانى چېلىپ مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ھەيۋەتلىك ھەربىي ئوركېستىر «شىنجاڭ ياخشى جاي» قاتارلىق يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئورۇنداپ مەيداننى جانلاندۇردى. ھەر خىل ئىرقتىكى، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار شاد خۇراملىق ئىلكىدە ئارقا - ئارقىدىن يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى.

تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىدە ھاۋا ئوچۇق ئىدى، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت ئوندىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، كۆكرىكىگە قىزىل چەن تاقىغان زۇڭلى لى پېڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەد، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سوڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا «خەلق» سارىيىدىن چىقىپ، مەيداندىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارغا قول كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى. بۇ چاغدا شادىيانە مېھمان كۈتۈش مۇزىكىسى ۋە قىزغىن ئالقىش ساداسى پۈتۈن مەيداننى لەرزىگە سالدى.




سۈرەتتە: لى پېڭ زۇڭلى ئۈرۈمچى كېڭەشىش يىغىنىغا لېنتا كېسىۋاتىدۇ.

يې شۇبەي فوتوسى

ئۈرۈمچى كېڭەشىش يىغىنىغا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گۇيۇڭجياڭ يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىملىقتىن ئۇچقان مىڭلىغان كەپتەر رەئىس سەھنىسى ئۈستىنى ئايلىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلدى.

كېڭەشىش يىغىنى رەھبەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى (سۆزى ئايرىم بېرىلدى). ئۇ مۇنداق دېدى: غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شىئەن شەھىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىرلىكتە باشقۇرغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساھىپخانلىقىدا ئېچىلغان ئۈرۈمچى كېڭەشىش يىغىنىغا 8000 دىن ئارتۇق جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمان تەكلىپ بىلەن قاتناشتى، بولۇپمۇ قەدىردان لى پېڭ زۇڭلىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي، بۈگۈنكى ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئالاھىدە قاتناشقانلىقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەربتىكى رايونلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. ئۇ كېڭەشىش يىغىنىنى بىرلىكتە باشقۇرغان ئورۇنلار، شىنجاڭدىكى 15 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن لى پېڭ زۇڭلىنى، ئۈرۈمچى كېڭەشىش يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

زۇڭلى لى پېڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە رەئىس سەھنىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۈرۈمچى كېڭەشىش يىغىنى ئۈچۈن لېنتا كەستى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن 2000 غا يېقىن رەڭگارەڭ شار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ يىغىن كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى.

ئېچىلىش مۇراسىمى 20 مىنۇتلا داۋام قىلدى. نەچچە مىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمان شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىستلىرى ئورۇندىغان مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، توركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭ «خەلق» سارىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىغا كىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كېڭەشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئۈرۈمچى كېڭەشىش يىغىنىغا ئاتاپ 8 بەت چىقىرىلدى.


# شىنجاڭ سودا گېزىتى

新 疆 商 报

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65 - 0066 /F

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 57 — 137

ش ئۇ ئا ر سودا نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى

ھەپتىلىك گېزىت، 1992 - يىلى 12 - سېنتەبىر (شەنبە) 216 - سان

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى كېڭەشمىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى كوزنېتسوۋ تونۇگۇنكى مۇراسىمغا قاتناشتى، گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن خى چۇنلىن، لىيۇجياڭ، ياڭ چاڭجى، خەن جۇبىڭ، ۋاڭ مىڭكۈي، ئېلىمىز-نىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم سودا ۋەكىللىرى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى بەي چىڭسەي، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىنتاڭ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېڭ فاگۇاڭ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى جىن جىپىڭ، شىئەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماجېنخۇا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرىدىن جانابىل، لى شۇشەن، ھامىدىن نىياز، جاڭ فۇسىن، جىن يۈنخۇي، ۋاڭ لېچۇەن، گوگاڭ ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلار ئېچىلىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمغا چەت ئەللىك مېھمانلاردىن قازاقىستان تاشقى ئىقتىساد ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تېئوۋىچ، تۈركمەنىستان سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قۇلىيېۋ، ئۇكرائىنا تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى كۇتونيانكو، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، بېلوروسسىيە، روسسىيە، موڭغۇلىيە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە چېخوسلوۋاكىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا مەسلىھەتچىلىرى قاتناشتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى تاڭ شياڭچيەن، ياپونىيە يى تېڭجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى سوڭ بىن شياۋزۇ ۋە شاۋداكاڭيۇ قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئېچىلىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمغا شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، تيەنجىن، خېيلۇڭجياڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ، يۈننەن، جېجياڭ، خېنەن، سىچۇەن، جياڭشى، خەينەن، جىلىن، گۇيجۇ، سەنشى، شىزاڭ ۋە چۇڭچىڭ، خاربىن، شېنياڭ، گۇاڭجۇ، چىڭداۋ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»دىن)

## بىر جۈملىلىك مۇھىم خەۋەرلەر

△ مىنىستىر خۇيېڭ سودا سىستېمىسىدىكى يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشقان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا خەت يېزىپ، سودا مائارىپىنىڭ ئۇمىدى ئوقۇتقۇچىلاردا دەپ كۆرسەتتى.

△ سودا مىنىستىرلىكى 25 خىل سۈپەتسىز تاۋارنىڭ تىزىملىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى.

△ پوچتا-تېلېگراف مىنىستىرلىكى كېلەر يىللىق گېزىت-ژۇرنال مۇشتەرى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى.

△ ئۈرۈمچى كېڭەشمىش يىغىنىدا 7-سېنتەبرگە قەدەر پۈتۈشۈش سوممىسى 800 مىليون دوللارغا يېقىنلاشتى.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش رېلىسلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

△ 92-يىللىق قەشقەر ساياھەت-سودا يىغىنى 9-سېنتەبىر داغدۇغىلىق باشلاندى.

(مەتبۇئاتلاردىن تاللانغان)

## مىنىستىر خۇيېڭ ئۈرۈمچى كېڭەشمىش يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە سودا ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

مۇخبىرىمىز جياڭ جۈن خەۋىرى: سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خۇيېڭ 1 - سېنتەبىر كۈنى خۇشال - خۇرام ھالدا ئۈرۈمچى كېڭەشمىش يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئاندىن مەخسۇس بىر كۈن ئاجرىتىپ، سودا نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۈرۈمچىدىكى سودا ئورۇنلىرى ۋە سودا سارايلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. خۇيېڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىككىنچى سودا ئىدارىسى سىستېمىسىغا بىر قەدەر يۇقىرى باھا بەردى.



سۈرەتتە: خۇيېڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق سودا سارىيىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بۆلۈمىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتىدۇ.



سۈرەتتە: خۇيېڭ سودا نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە.

## تۇرپان ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپان ۋىلايىتى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «قوش ئۈنۈم» نى قولغا كەلتۈردى.

بۇ ۋىلايەت يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان ساياھەتچىلىكنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى بەش تۈۋرۈكنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، تۇرپاندا قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرى، تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇردى. رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ساياھەت نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. بىر قىسىم ساياھەت نۇقتىلىرىنى رېمونت قىلدى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى. تەشۋىقات، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق تۇرپاننى تەشۋىق قىلىپ، تۇرپاننى سىرتقا تونۇتۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئىككى قېتىملىق ئۈزۈم بايرىمى ئارقىلىق تۇرپاننىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرى كۈچەيدى. ھەر قايسى ساياھەت تارماقلىرى ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى تەسىس قىلىپ، يولغا قويۇپ، كۆپلىگەن ئىچكى - تاشقى مېھمانلارنى جەلپ قىلدى. ھەر خىل ئىجىملىك ۋە قويۇق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىم - كېچەك، كەشتە، خاتىرە بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ تۇرپاننى تونۇش، چۈشۈنۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇرپانغا كېلىدىغان ساياھەتچىلەر يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1988 - يىلدىن ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۇرپانغا كەلگەن ساياھەتچىلەر 65 مىڭ 446 نەپەرگە، ساياھەتچىلىكتىن بولغان كىرىم 5.5 مىليونغا، مۇقىم ۋە قەرەلسىز ساياھەت نۇقتىلىرى 25 كە، كەسپىي خادىملار 350 تىن ئارتۇقىغا يەتكەن. ساياھەتچىلىكنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا تۇرپان ۋىلايىتى ئەسلىدىكى ساياھەت باشقارمىسىنى تۇرپان ساياھەتچىلەر باش شىركىتىگە ئۆزگەرتتى.

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## ھېيتگاھ سودا سارىيى شەھەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە نەمۇنىلىك رول ئوينىماقتا

قەشقەر شەھەرلىك سودا ئىدارىسىگە قاراشلىق ھېيتگاھ سودا سارىيى قەشقەر شەھىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، «سودا سارىيىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ئۆلچەملەشكەن نىزامى»، «مال ساتقۇچىلارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» قاتارلىق قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قائىدە - تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سودا سارىيى قەرەللىك تەكشۈرۈش ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈش، ئوچۇق - ئاشكارا تەكشۈرۈش ۋە يوشۇرۇن تەكشۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت، مال باھا ئۆلچىمى، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ باھالاپ، لاياقەتسىزلىرىنى ئىشتىن توختىتىپ تەرتىپكە سالدى. تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، مال ساتقۇچىلار ئىش ئورنىدا كىيىمگە مۇلازىمەت نومۇرى قاداش، نومۇر بولمىسا ئىش ئورنىغا چىقىشنى مەنئى قىلىشنى بەلگىلىدى، نەتىجىدە پىركازچىكلاردا خېرىدارلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغان، گەپ سورىسا مۇلايىم جاۋاب بېرىدىغان، خېرىدارلارنى ئۆزىتىپ قويىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى. خېرىدارلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ سودا سارىيى يەنە مالنى ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىش ۋە ئالدىن سۆزلىشىپ سېتىش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرىنى تەسىس قىلدى، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە خېرىدارلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا 100 قېتىمدىن كۆپ مال ئاپىرىپ بېرىلدى. جىڭلى مۇلازىمەت پۈكىيى، مەسلىھەت بېرىش ئورنى ۋە ئادىل مېتىر، پىكىر دەپتىرى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى.

بۇ يىل 7 - ئايدا بۇ سودا سارىيى مال باھا، ئۆلچەم بويىچە «ئون ياخشى سودا سارىيى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ياخشى سودا سارىيى» مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا كۆرسىتىلدى.

قېيۇم زاكىر

## ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قىرغىزىستان بىلەن ئىقتىساد - سودا توختامى ئىمزالىدى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا، يەتتە كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، ئىقتىساد- سودا ئالاقىسى ئورنىتىش توختىمى تۈزگەن ئىدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جىددىي تەييارلىق قىلىپ 50 توننا كېلىدىغان 271 مىڭ 629 يۈەن 9 پۇڭ قىممىتىدە قاچا - قۇمۇچ، ئاق شېكەر، ھاراق، ئاياغ كىيىم قاتارلىق 223 خىل تاۋارنى قاچىلاپ 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەندە توققۇز كىشى ئاقسۇدىن قىرغىزىستانغا يۈرۈپ كەتتى.

تۇنىياز روزى

## قۇتۇبى ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى ئىككى ئايدا ئۈچتە ئېشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى

ئۆز خەۋىرىمىز: قۇتۇبى ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى «4 قويۇۋېتىش» نى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئىككى ئايدىلا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يەنى 6 - 7 - ئايدىلا سېتىش سوممىسى، پايدا باج سوممىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ماائاشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئېشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

مەزكۇر شىركەت تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، تىجارەت، باھا، ئىشچى ئىشلىتىش، تەقسىماتنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتتى. تىجارەتتە ئاز پايدا ئېلىپ كۆپ سېتىشنى يولغا قويدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، قويۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە، پۈتۈن شىركەتنىڭ سېتىش سوممىسى 933 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %20.1 ئاشتى. پايدا باج سوممىسى 138 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %28.5 ئاشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ماائاشى 259.75 يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 98.59 يۈەن ئاشتى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ماائاشى ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ 849.97 يۈەنگە يەتتى.

## يەكەن ناھىيىسىنىڭ سودا ئۆمىكى ئۆزبېكىستانغا يۈرۈپ كەتتى

يەكەن ناھىيىلىك سودا سىستېمىسى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن سودا ئۆمىكى يېقىندا تەكلىپكە بىنائەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسەكە شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى.

مەزكۇر ئۆمەك تۆۋەندىكى ئىشلارنى بىجىرمەكچى: (1) ئۆتكەندە تۈزۈلگەن توختاملار بويىچە، ئورۇن، ئادەم، مەبلەغ، ئۈسكۈنە، خام ئەشيا، سۇ، ئېنېرگىيە قاتارلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. (2) تاشقى سودا، چېگرا سودىسى ۋە مال ئالماشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر توپلايدۇ ھەمدە باھا ئىگىلەيدۇ. (3) مۇدەئانامە يازغان تۈرلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىلمىي دەلىللەش، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق توختام ئىمزالايدۇ؛ (4) ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسىنى باشقا رايون - شەھەرلەرگە كېڭەيتىش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

مۇھەممەت مۇسا

## ياۋروپا بازارلىرى ياڭاققا مۇھتاج

ئۇچۇر

ھازىر ياۋروپا بازارلىرىدا ياڭاق كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. بۇ يىل روژدېستۋا بايرىمىدا تەمىنلەيدىغان ماللار ئىچىدە، ياڭاقنىڭ ئۆكسۈپ كېلىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئادەتتە ياڭاق بىلەن تەمىنلەش 7 - ئايدا باشلىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا يۈز بەرگەن يۇقىرى ھاۋا كېلىماتىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئەلا سۈپەتلىك ياڭاق مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالدى. 6 - ئايدا كېلىدىغان ئازراق ياڭاقمۇ يوق بولدى. دېمەك، بەزى كىشىلەر كەلگۈسىدە ياڭاقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئازىيىپ، تەننەرخى ئاشىدۇ، باھاسى ئۆرلەپ، پارچە سېتىلىش مىقدارى كېمىيىپ كېتىدۇ دەپ مۆلچەرلىمەكتە.

«جۇڭگو سودا گېزىتى» دىن

ئايگۈل قادىر - (ت)

## ئۇقتۇرۇش

گېزىتىمىز ئۆتكەندە تارقاتقان «ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرلىق كىنىشكىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم
1992 - يىلى 12- سىنتەبر

## سۈرەتلىك خەۋەر



تۇرپان شەھەرلىك سودا- سانائەت بىرلەشمىسى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يەككە سانائەتچى، يەككە ئەمگەكچىلەر ۋە «ئۈچ تەرەپ» مەبلەغ سالغان كارخانىلار خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. سۈرەتتە: بىرلەشمە كادىرلىرى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتىدۇ.

م. نەجمىدىن خەۋىرى،
دەريا ھەسەن فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھەر جەنۇبىي شىنخۇا يولى 17 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى 341 — 222901، ئېلان تىجارىتى كىنىشكە نومۇرى: 0100127،
مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. باھاسى: 0.15 يۈەن

# ئۈرۈمچى كېڭشىش يېغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

ئېلان ئېلان ئېلان



## ش ئۇ ئا ر نېفىت باش شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت شۆبە شىركىتى ئۈرۈمچى كېڭشىش يېغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ

تىجارەت دائىرىسى:

ئاساسلىق تىجارەت تۈرى: بېنزىن، سالياركا، كىرسىن، سىلىقلاش مېيى، سىلىقلاش سىرى قاتارلىق نېفىت - خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

قوشۇمچە تىجارەت تۈرى:

1. ماشىنىسازلىق تۈرى؛ نېفىت - خىمىيە ماشىنىسازلىق ئەسۋابلىرى، ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى.

2. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تۈرى: پولات ماتېرىياللىرى، سىم ماتېرىياللىرى، تاختاي ماتېرىياللىرى، تۇرۇبا ماتېرىياللىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى، پەنەركە، سېمونت، ئەينەك قاتارلىقلار.

3. يېنىك سانائەت تۈرى: كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

4. يەرلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى؛ ھەرخىل تېرە ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار تىجارەت شەكلى: ئىمپورت. ئېكسپورت، سېتىش. ئىگىلىك خاراكتېرى؛ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى.

دىرېكتور تاڭ كاڭفۇ.

مۇئاۋىن دىرېكتورلار: مىڭ شاڭيىڭ، مېيى شۇگاڭ، ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەرى دېموكراتىيە يولى 83- قورۇ تېلېفون نومۇرى: 219 _ 210601.

فوتوتېلېگراف نومۇرى: 210591 (0991)تېلېگراف زاكاز نومۇرى: 4258 تېلتايىپ: WLBTHCN 79166 پوچتا نومۇرى: 830002

## ئۈرۈمچى كېڭشىش يېغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز

يۈنەن گۈل چېچەك مېھرىگىياھ شەربىتى 1992- يىللىق شياڭگاڭ خەلقئارا ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە يەنە بىرقېتىم «ئالتۇن مېدال» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە ئۈرۈمچى كېڭشىش يېغىنى تەرىپىدىن داۋالاش، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش مەھسۇلاتى قىلىپ كۆرسىتىلدى.

ئىنسانىيەتنىڭ ساغلام مۇھىت، ساغلاملىققا پايدىلىق ماددا ۋە ساغلام بەدەننى قوغلىشىشى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئېقىمى بولۇپ قالدى. يۈنەن گۈل چېچەك مېھرىگىياھ شەربىتى گويا بىر دەستە گۈلگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش بىر گەۋدە قىلىنغان ساپ تەبىئىي قۇۋۋەت ئاشۇرۇش دورىسى بولۇپ قالدى، بىز تەبىئىي دورىلارنىڭ سەرخىللىرىنى ئېلىپ، چېگرا رايون خەلقىگە سەممىي ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، كېڭشىش يېغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلدۇق. بىز شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ساغلام بولۇشى ۋە ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

شۇنداقلا تۇنجى نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى كېڭشىش يېغىنىنىڭ داغدۇغىلىق ئېچىلغانلىقى ۋە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز.

زاۋۇتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ يۈكچۈن. ئىش بېجىرىش ئورنى: ئاققۇكۆلى مېھمانخانىسى 809 - ئۆي. تېلېفون نومۇرى: 218271 ئارقىلىق 809 غا ئۇلىنىدۇ.

(مەزكۇر شەربەت خەلقئارادا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن)

## ئۈرۈمچى شېكەر، ھاراق سېتىۋېلىش - تەمىنلەش پونكىتى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كەڭ خېرىدارلارغا سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

ش ئۇ ئا ر ئۈرۈمچى شېكەر، ھاراق سېتىۋېلىش، تەمىنلەش پونكىتى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ شېكەر، ھاراق، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر توپ سېتىش كارخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا كۈيتۇڭ شېكەر، ھاراق شۆبە پونكىتى، شىخەنزە شېكەر ، ھاراق شۆبە شىركىتى، ئۈرۈمچى شېكەر - ھاراق پونكىتىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى قارايدۇ. پۈتۈن پونكىتنىڭ يىللىق سېتىش مىقدارى 145 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. 1991- يىلى توختامغا ئەمەل قىلىدىغان ئىشەنچلىك ئورۇن دەپ باھالانغان.

تىجارەت دائىرىسى: ھاراق تۈرى بويىچە: دۆلەتلىك، يەرلىك داڭلىق ھاراقلار، ئىمپورت قىلىنغان ھاراقلار، ھەرخىل ئاق ھاراقلار، مېۋە ھاراقلار، ئۈزۈم ھاراقلىرى، پىۋا، سېرىق ھاراقلار.

قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تۈرى بويىچە: كونسېرۋا، ئىچىملىكلەر، ئۇششاق يېمەكلىكلەر، كەمپۈتلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرى خۇرۇچلار، سۈيتىن ياسالغان يېمەكلىكلەر قاتارلىقلار.

شېكەر تۈرلىرى بويىچە:ئاق قۇم شېكەر، قىزىل قۇم شېكەر، چاقماق قەنت، شېكەر جەۋھىرى.

ئومۇمىي تىجارەت تۈرلىرى: گۇاڭدۇڭدا ئىشلەنگەن ساغلاملىق كۈچى تونىياسى، ھۆسنى ناۋا ماركىلىق ئىچىملىكلەر، ئۇزۇقلۇق گۈرۈچ پاراشوكى، تۇرلۇك قەھۋە، باۋجى جۇڭگو گۈل چېچەك تۇرىدىكى ئىچىملىكلەر.

ئاساسىي تىجارەت تۈرلىرى؛ ۋاخاھ خاھ، بۇلبۇل گويا، قۇياش ئىلاھى ماركىلىق ئىچىملىكلەر، ۋاخاھ خاھ سۈتلۈك كەمپۈت، گۇاڭشىدا ئىشلەنگەن كۆنجۈت كەمپۈت قاتارلىقلار.

مۇلازىمەت نىشانى: سۈپەت بىرىنچى، مۇلازىمەتتە بىرىنچى، ئىناۋەتتە بىرىنچى بولۇش، خېرىدارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش.

قانۇنىي ۋەكىلى: لى جۇڭشياۋ. سېكرېتار: لى شۇچىڭ،

مۇئاۋىن دىرېكتورلىرى: لى ئېيدۇڭ، جاڭگۇ، قادىر، ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى چىنەي يولى 128 - نومۇر، پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېگراف زاكاز نومۇرى: 3533 تېلېفون نومۇرى: 512617 513580

# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

«شىنجاڭ سودا گېزىتى» مەملىكەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىدى. گېزىتىمىز بۇندىن كېيىن پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، بىڭتۈەن سودىسى، كۆك تاماكا، تېببىي دورا سودىسىنى ئاساس قىلىپ، نېفىت، تەمىنات - سودا، تاشقى سودا، چېگرا سودىسى، يېمەك سانائەت، ئاشلىق، پاختا - كەندىر، چاي، چارۋا، ماددىي ئەشيا، قوشۇمچە يېمەكلىك، يېمەك- ئىچمەك، كوللېكتىپ ۋە يەككە سودا، سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، سويەت، ئۆلچەم، مال باھا، باج، يېزا - بازار كارخانىلىرى، ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى قاتارلىق ساھەلەرگە يۈزلىنىپ، كەڭ ئىستېمالچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

گېزىتكە تۆۋەندىكى مەزمۇندىكى خەۋەر - ماقالىلەر قوبۇل قىلىنىدۇ:

1. سودا كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، كارخانا باشقۇرۇش، «4 نى قويۇۋېتىش» سىنىقىنىڭ تەجرىبە نەتىجىلىرى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، پۈتكۈل ئىجتىمائىي سودا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پائالىيەتلىرى، ياخشى ئىش، ئىلغار كىشىلەر تونۇشتۇرۇلغان خەۋەر- ماقالىلەر؛ سودىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر، تەكشۈرۈش دوكلاتى، زىيارەت خاتىرىسى، تەكلىپ، تەقدىر، تەنقىد، تەرجىمە ماقالىلەر، سۈرەتلىك خەۋەر، مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرنىڭ سودا پائالىيىتىگە دائىر خەۋەر، ساۋات، ئۇچۇرلار.

2. تىجارەت سەنئىتى، سودا بىلىملىرى، كەسپىي ئەخلاققا دائىر ماقالىلەر، تەرمىلەر، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، يېڭى، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇش، تاۋارلارنى تاللاپ سېتىۋېلىش، ئىشلىتىش، ئاسراشقا دائىر ساۋاتلار، تۇرمۇش ۋە تېببىي ساۋاتتىن تەرمىلەر.

3. سودا تېمىسىدا يېزىلغان قىسقا ھېكايە، نەسر، چۆچەك، شېئىر، يۇمۇر، ئەدەبىي تەرجىمە، ماقال - تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلەر، ھۆسن خەت ئەسەرلىرى ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى بەدىئىي، ھەجۋىي سۈرەتلەر.

خەۋەر - ماقالە ئەۋەتىشكە قويۇلىدىغان تەلەپ:

1. خەۋەرلەر ھەقىقىي، راست، ئىخچام بولۇشى، سان، سىفىرلار توغرا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ئاق قەغەزگە سىياھ قەلەم بىلەن چىرايلىق ئوچۇق يېزىلىشى، ئىملاسى توغرا بولۇشى لازىم.

2. خەۋەرگە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇننىڭ تامغىسى بېسىلىشى لازىم. تامغا بېسىلمىغان ياكى باشقا ئورۇننىڭ تامغىسى بېسىلغان خەۋەرلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3. تەرجىمە ماقالىلەر (ئەسەر) نىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىرگە ئەۋەتىلىشى، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، ئادرېسى ئېنىق يېزىلىشى لازىم.

4. فوتو سۈرەتلەرنىڭ رەڭ قەۋىتى ئېنىق، ئوچۇق، قۇرۇلمىسى ياخشى بولۇشى، ھەجمى تۆت سۆگدىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك.

5. گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ماقالە، ئەسەرلەرگە بەلگىلىمە بويىچە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. ئىشلىتىلمىگەن ماقالە، ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ.

كەڭ مۇخبىر ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ماقالە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز.

«شىنجاڭ سودا گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر جەنۇبىي شىنخۇا يولى 17 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى: 341 - 222901

## دۇنيادىكى شەھەرلەر

ئوكرائىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى كېيېۋ شەھىرى ياۋروپا بويىچە تارىخى ئۇزۇن قەدىمقي شەھەر بولۇپلا قالماستىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى ئارا مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ھەمدە مەركەزلىك سودا ئالاقە رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۈرەتتە: كېيېۋ ۋوگزالى رايونىدىن بىر كۆرۈنۈش.

دەرياھەسەن ئالبومىدىن



### ئەدەبىيات - سەنئەت خەۋەرلىرى

## دەريا ھەسەننىڭ ئىجادىيەت تەرجىمھالى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ياش يازغۇچىلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى.



ش ئۇ ئار يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق «شىنجاڭ سودا گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان دەريا ھەسەننىڭ ئىجادىيەت تەرجىمھالى جۇڭگو مۇھاجىرلار نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بىر يېرىم مىليون خەتلىك «جۇڭگو ھازىرقى زامان ياش يازغۇچىلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى. مەزكۇر قامۇس بۇ يىلدىن باشلاپ مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلدى.

يولداش دەريا ھەسەن 1978 - يىلدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ بىر قانچە رومان، پوۋېستلىرىنى ۋە بىر تۈركۈم ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە نەشرگە تەييارلىغان، ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئون نەچچە پارچە ھېكايە ئېلان قىلغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئەزاسى، ش ئۇ ئار يازغۇچىلار جەمئىيىتى، تەرجىمانلار جەمئىيىتى ئەزاسى، «شىنجاڭ سودا گېزىتى» تەھرىر ھەيئىتى.

«جۇڭگو ھازىرقى زامان ياش يازغۇچىلىرى قامۇسى» غا مەملىكەت مىقياسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن 3000 نەپەرگە يېقىن ياش يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت تەرجىمھالى ۋە ئادرېسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

مەھەممەت شانىياز